FORB Learning Platform

# دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ مەزمۇنى؛ ئاتا - ئانىلار ۋە بالىلار

خەلقئارا پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسىنىڭ 18-ماددىسىدا ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلارغا دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا ئالاھىدە ھوقۇق بېرىلگەن. ئاتا-ئانىلار ۋە قانۇنىي ۋەسىيلىرى بالىلىرىغا دىنىي ۋە ئەخلاق تەربىيەسى بېرىشكە ، شۇنداقلا ئائىلە تۇرمۇشىنى ئېتىقادىغا ئاساسەن تەشكىللەشكە ھوقۇقلۇق.

ئەمما كىشىلىك ھوقۇقتا ئىگە چوڭلارلا ئەمەس! بالىلارنىڭمۇ دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىك ھوقۇقى بار - مەسىلەن ، دىنىي ۋە ئېتىقادىي جەمئىيىتىنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى ۋە دىنىي بايراملارغا ياكى دۇئا-تىلاۋەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقى بار.

بالىلارمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ياكى ھامىيسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە دىنىي تەلىم-تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارزۇسىغا قارشى تۇرىدىغان دىنىي تەلىم-تەربىيەگە قاتنىشىشقا مەجبۇرلانماسلىقى كېرەك ، بالىلارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئارزۇسى كۆنسېرى نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك.

بۇ ھوقۇقلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىغا ئائىت نۇرغۇن مىساللار بار.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى

مىراسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ، ھۆكۈمەتلەر جەمئىيەتنىڭ ھەر
قايسى تەرەپلىرىنى كونترول قىلىشنى خالايدۇ. مەسىلەن ،

تاجىكىستاندا 18 ياشتىن تۆۋەنلەر دەپنە مۇراسىمىدىن باشقا ، دىنىي

ئىبادەت ياكى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى قانۇنلۇق چەكلەنگەن. ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەردە، ھۆكۈمەتلەر مەسچىت ۋە خىرىستىيان
چېركاۋلىرىغا بارغان ياكى يازلىق لاگېرغا ئوخشاش پائالىيەتلەرگە
قاتناشقان ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى سوراق ۋە پاراكەندە قىلغان،
شۇنداقلا ئۇلارنى مەكتەپلەردە ئوچۇق-ئاشكارە ئەيىبلىگەن.

شۇڭا بەزى ھۆكۈمەتلەر بالىلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىنى توسىدۇ.

باشقا بەزى ھۆكۈمەتلەربولسا ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنى كۆپ
سانلىقلار ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا ئىشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان دىنىي
ئوقۇتۇشقا قاتنىشىشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇ ئىش دۆلەتلەرنىڭ بالىلارنىڭ

نەزەرىيە جەھەتتىنلا ئەمەس ، بەلكى ئەمەلىيەتتىمۇ دىنىي
تەلىماتلاردىن كەچۈرۈم قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتى
بارلىقىغا قارىماي تۇرۇپ يۈز بېرىدۇ.

تۈركىيەدە بولسا ، دىنىي مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق دەرسلىكى ۋە
دەرسلىك كىتابلار بەزى ئىسلاھاتلارغا قارىماي ، يەنىلا دىنىي
ئوقۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان

ئوقۇغۇچىلىرى نەزەرىيە جەھەتتىن بۇ ئوقۇتۇشتىن كەچۈرۈم
قىلىنغان بولسىمۇ ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇ كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ

قىلىش قىيىن ياكى مۇمكىن ئەمەس. ئالپۋى ، باھاي ، ئاتېئىست ياكى

ئاگنوتىك ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ دىنلارغا
ئېتىقاد قىلغان ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل دەرسلىكلەرگە قاتنىششقا مەجبۇر
بولىدۇ. بۇ مىساللارنىڭ ھەممىسىدە ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇقى

دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىماقتا.

«بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» ماقۇللىنىشتىن ئىلگىرى ، خەلقئارا

كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدا بالىلارنىڭ ھوقۇقى ئالاھىدە مۇزاكىرە
قىلىنمىغان ئىدى. ئەھدىنامە بۇنى ئۆزگەرتىپ ، بالىلارنى ھوقۇق

ئىگىسى ،شۇنىڭدەك 14-ماددىدا ئۇلارنىڭ دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىك

ھوقۇقى بار دەپ تەكىتلىدى.

14-ماددىدا بالىلارنىڭ ھەم مۇستەقىل ھەم ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن

، ئۇلارنىڭ دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىشىدە ،
ئاتا-ئانىلارنىڭ ياردىمىگە ۋە يېتەكلىشىگە موھتاج ، بولۇپمۇ

دۆلەتنىڭ كاپالىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئەھدىنامىدە بارلىق ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپى بالىلارنىڭ
ئەڭ ياخشى مەنپەئىتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش كىرەك دەپ
كۆرسىتىلگەن. ئۇ يەنە بالىلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق

ئىشلاردا ئۆز كۆز قارىشىنى بايان قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى

تەكىتلەيدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، چوڭلار ، بولۇپمۇ ئاتا-ئانىلار

ھەمىشە بۇ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا
يەكۈن چىقىرىپ ، بالىلار ئۈچۈن سۆزلىشى كېرەك.

ئەمما ، بالىلار ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ قىزىقىشى بەزىدە ئوخشىمايدۇ. بۇ

خىل ئەھۋال ئاستىدا ، بالىلارنىڭ دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىك ھوقۇقى
ئاتا-ئانىلارنىڭ ئوخشاش ھوقۇقى بىلەن تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇشى

كېرەك.

مەسىلەن ، بالىنىڭ قايسى ياشتا دىن ياكى ئېتىقاد ھەققىدە ۋە ياكى
چېركاۋغا بېرىش ھەققىدە ئۆزى قارار چىقىرىش ھوقۇقى بار؟

«بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» غا ئاساسەن ، دىن ۋە ئېتىقاد

مەسىلىسىدىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ يۆنىلىشى بالىنىڭ يېتىلىش ئىقتىدارىغا

ماس ھالدا مېڭىشى كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، بالا قانچە چوڭ

ۋە پىشىپ يېتىلگەن بولسا ، ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەركىنلىك
شۇنچە چوڭ بولىشى كېرەك.

قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ خەلقئارالىق قانۇنىي ئۆلچىمى بولسا 18

ياش، ئەمما بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرىدە قانچىلىك
مۇستەققىللىق ۋە روھىي جەھەتتىن يېتىلىشىنى بەلگىلەش مەسىلىسىدە

مەدەنىيەت ۋە ئارقا كۆرۈنش ئارىسدا نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت.

ئوخشىمىغان دۆلەتلەرنىڭ قانۇن-نىزاملىرى ئوخشىمايدۇ. مەسلەن ، شىۋىتسىيەدە ، 12 ياشتىن باشلاپ بالىلارنى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى قىلىش چەكلەنگەن.

«بالىلار هوقۇقى ئەھدىنامىسى» ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنى قانداق تەربىيىلەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۆلچەم تۇرغۇزۇپ بەردى - دىن ۋە ئېتىقاد ئادىتى بالىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ياكى تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك.

ئاتا-ئانىلارنىڭ دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىك هوقۇقى بىلەن بالىنىڭ هوقۇقىغا قارشى مۇناسىۋەتلىك دېلولار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئەمما ، يەھۋا گۇۋاھچىلىرىنىڭ بالىلىرىنىڭ قان سېلىشنى توسۇش دېلوسى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلارنىڭ دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىك هوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقى ۋە بالىلارنىڭ ياشاش هوقۇقىنى قوللايدىغانلىقىنىڭ بىر مىسالى بولالايدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا ، بۇ فىلىمدە بىز ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇقىنى كۆردۇق.

بالىلارنىڭ دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكى،شۇنىڭدەك ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئېتىقادىغا ئاساسەن تەربىيىلەش ھوقۇقى بار. بۇنى بالىنىڭ يېتىلىشى بىلەن ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىش كېرەك ، دىن ياكى ئېتىقاد بىلەن شۇغۇللىنىش بالىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ياكى تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك. دۆلەتلەرنىڭ بالىلارنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنى چەكلىشى ۋە ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىغا كۆپ سانلىقلار ئېتىقاد قىلىدىغان دىننى مەجبۇرلىشى يۇقارقى ھوقۇققا خىلاپلىق قىلىشنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

سىز تور بەتتىكى تەربىيىلەش ماتېرىياللىرىدىن ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى ، ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق ھۆججەتلىرىنىڭ تېكىستلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى تاپالايسىز.